# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 4 ـ ئاي

24

جۈمە

维吾尔文 4 月24日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25041 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملايلى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى

باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا شەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى تىرىشىپ يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇش شارائىتىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىز ئۈچۈن خىزمەتتىكى كۈچەش نۇقتىسىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. دۆڭگە يامىشىدىغان يولدا مېڭىش تەس، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاخىرىغا بارغانسېرى قىيىنلىشىدۇ، قېپقالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭىش ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ شەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەنشىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېتىشىۋېلىش، ھالقىش يېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈش كېرەك



4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، شى جىنپىڭ شىئەن داتاڭ كېچە بولماس شەھەر پىيادىلەر كوچىسىدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ساياھەتچىلەرگە قول ئىشارىسى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرمەكتە.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى



4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، شى جىنپىڭ ئەنكاڭ شەھىرى پىڭلى ناھىيەسى لاۋشيەن بازىرىنىڭ جياڭجياپىڭ كەنتىدىكى نۆۋا فېڭخۇاڭ چايچىلىق زامانىۋى ئۆلگە كۆرسىتىش باغچە رايونىدا چايچى دېھقانلار بىلەن سەممىي پاراڭلاشماقتا.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا شەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش، سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كۈتۈلمىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى تىرىشىپ يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، شەنشىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېتىشىۋېلىش، ھالقىش يېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈش كېرەك.

4 ـ ئايدىكى سەنچىن تۇپرىقىنىڭ ھەممە يېرى باھار تۈسىگە كىرگەنىدى. 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ خېپىڭ ۋە ئۆلكە باشلىقى ليۇ گوجۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شاڭلو، ئەنكاڭ، شىئەن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، نامرات تاغلىق رايون، مەھەللە، مەكتەپ، كارخانا قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، چىنلىڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

چىنلىڭ تاغ تىزمىسى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ چىنلىڭنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شىئەن تەۋەسى ئىچىگە بەلگىلىمىگە خىلاپ سېلىنغان داچا مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، چىنلىڭنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق، تەستىقىي يوليورۇق بەردى. 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ شاڭلو شەھىرى جاشۈي ناھىيەسىگە بېرىپ، ئالدى بىلەن چىنلىڭ تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى نيۇبېيلياڭ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا كېلىپ، لىگنيۈگۈ جىلغىسىغا پىيادە كىرىپ تەبىئىي ئېكولوگىيەسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ يەرنى «كىشىلەر تېخى بىلمەيدىغان تەبىئىي ئوكسىگېنخانا ئىكەن» دەپ تەرىپلىدى.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1700 مېتىر كېلىدىغان يۆلياڭغا چىقىپ، چىنلىڭ تېغىنىڭ نيۇبېيلياڭ ئاساسىي چوققىسىغا يىراقتىن نەزەر سالدى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىنلىڭنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ سېلىنغان داچا مەسىلىسىدىن ساۋاق ئېلىش، ئېكولوگىيەنى ئاسراشنى ياخشى تۇتۇش قاتارلىق خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: چىنلىڭ جەنۇب بىلەن شىمال قوشۇلغان، جاھانغا نەپ يەتكۈزىدىغان دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزىي سۇ مۇنارى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەجداد تومۇرى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم سىمۋولى. چىنلىڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشى ئاسراش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، شۇجى جاۋ لېجىنىڭ يەتتە ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۇجىلىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۆڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم كۆرسەتمىسىنىڭ روھى، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ لېجىنىڭ يەتتە ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۇجىلىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى ھۆكۈمى ۋە تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانغا يېتىش تەدبىرلىرى جايىدا ئەمەلىيلەشتى تۆر قۇرۇلۇشى ئېھتىياجغا تۆرتكە بولدى

## شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئۇكۇشسىز ۋەزىيەتكە قارشى ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: موتور قۇراشتۇرۇش، كابىنكا قۇراشتۇرۇش، بالون قۇراشتۇرۇش، ماي ـ سۇيۇقلۇق قاچىلاش... 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ـ ياساش بۆلۈمىنىڭ چوڭ ئاقما لىنىيە سېخىدا، 13 مىنۇتتىلا بىر ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى ئۇگۇشلۇق قۇراشتۇرۇلۇپ لىنىيەدىن چۈشۈرۈلدى. 1 ـ پەسىلدە، بۇ شىركەت تاماملىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 286 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.7% ئاشتى، ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىدىن 905نى ئىشلەپچىقاردى، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.3% ئاشتى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تارقالغاندىن بۇيان، شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)